شى جىنپىڭ سىنگاپور زۇڭتۇڭى خالىما بىلەن ئۆزئارا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭ تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئۆتكەن 30 يىلدا، خەلقئارا ۋەزىيەتتىكى ئۆزگىرىشلەر ئالدىدا، جۇڭگو ـ سىنگاپور ئىككى دۆلەت ئۆزئارا چۈشىنىپ، قوللاپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتتى. ئىككى دۆلەت ھەمكارلىقى ئىككى تەرەپ كاتېگورىيەسىدىن ھالقىپ، رايون ۋە خەلقئارا قاتلىمىدا ئۈلگە كۆرسىتىش ئېففېكتىنى جارى قىلدۇردى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بۈگۈنكى دۇنيا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنى باشتىن كەچۈرمەكتە، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يەنىلا پۈتۈن يەر شارىدا يامرىماقتا، ھەرقايسى دۆلەتلەر يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ۋە ئىقتىسادنى قايتا جانلاندۇرۇشتىن ئىبارەت قوش خىرىسقا دۇچ كەلمەكتە. مەن جۇڭگو ـ سىنگاپور مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىمەن. جۇڭگو تەرەپ سىنگاپور تەرەپ بىلەن ئورتاق تىرىشىپ، داۋاملىق «بىر بەلباغ، بىر يول»نى يۇقىرى سۈپەتلىك ئورتاق قۇرۇشنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئەمەلىي ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كۆپ تەرەپچىلىك ۋە ئەركىن سودىنى ئورتاق قوغداپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىدە تېخىمۇ زور تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، رايون ۋە دۇنيانىڭ مۇقىملىقى، گۈللىنىشى ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشۇشنى خالايدۇ.

خالىما تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنۇلارنى بىلدۈردى: سىنگاپور ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتى 30 يىلدىن بۇيان جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى، ئەمەلىي ھەمكارلىق سىجىل ئالغا سىلجىتىلدى، ئادەمىيەت رىشتىسى كۈنسېرى چىڭىدى. يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئالدىدا، ئىككى دۆلەت ئۆزئارا ياردەم قولىنى سۇنۇپ، ئىقتىسادنىڭ قايتا جانلىنىشىنى ئورتاق ئىلگىرى سۈردى، سودىنىڭ راۋانلىقى ۋە تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ مۇقىملىقىنى قوغدىدى، يەنە نۇرغۇن يېڭى ھەمكارلىق ساھەلىرىنى ئاچتى. مەن ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىدە كېيىنكى 30 يىلدا تېخىمۇ زور تەرەققىياتلارنىڭ قولغا كەلتۈرۈلىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىمەن.

شۇ كۈنى، گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى لى كېچياڭ سىنگاپور زۇڭلىسى لى شيەنلۇڭ بىلەن ئۆزئارا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى. لى كېچياڭ تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنداق بىلدۈردى: جۇڭگو تەرەپ سىنگاپور تەرەپ بىلەن بىرلىكتە تىرىشىپ، ئىككى دۆلەت دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى پۇرسەت بىلىپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەش، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى ئۇدۇللاشتۇرۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىككى دۆلەت ھەم ئۆز رايونلىرىنىڭ خىرىسنى يېڭىپ، تېخىمۇ گۈزەل تەرەققىيات كەلگۈسىنى كۈتۈۋېلىشقا كۈچ قوشۇشنى خالايدۇ.

لى شيەنلۇڭ تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنداق دېدى: سىنگاپور ـ جۇڭگو ئىككى دۆلەت كۆپ يىللاردىن بۇيان كۈچلۈك ۋە ئۆزئارا نەپ يەتكۈزىدىغان مۇناسىۋەت بەرپا قىلىپ، رايون ۋە خەلقئارا سەھنىدە ياخشى ھەمكارلىقنى ساقلاپ كەلدى. سىنگاپور تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن بىرلىكتە بۈگۈنكى دۇنيانىڭ خەلقئارا كۆپ تەرەپلىك قۇرۇلمىسىنى مۇستەھكەملەپ، ساقلاپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەگە كۆتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ.

---

3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى

تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ئۈزلۈكسىز كۈچىيىپ، جەمئىيەت مۇقىم، خەلق خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەيدىغان ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كېلىپ، ئەبەدىي ئەمىنلىككە يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىندى. ئەمەلىيەت يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ تامامەن توغرا ئىكەنلىكىنى، جەزمەن ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇش كېرەكلىكىنى ئىسپاتلىدى.

ئاسمان ـ پەلەك دەرەخنىڭمۇ يىلتىزى بولىدۇ؛ ئەزىم دەريانىڭمۇ مەنبەسى بولىدۇ. شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەر جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىگە مەنسۇپ، پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى، ئىستراتېگىيەلىك پىلانىنى ياخشى تۈزگەنلىكى، كۆڭۈل بۆلگەنلىكى ـ غەمخورلۇق قىلغانلىقىغا مەنسۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلق، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەر، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى، مەركەز كارخانىلىرى ۋە مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىنىڭ شەخسىيەتسىز ياردەم بەرگەنلىكى، پۈتۈن مۇھەببىتى بىلەن ياردەم بەرگەنلىكىگە مەنسۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ بىر نىيەتتە كۈچ چىقارغانلىقى، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلغانلىقىغا مەنسۇپ. تارىخ شۇنى قايىل قىلارلىق ئىسپاتلىدىكى: پارتىيەنىڭ مىللەت سىياسىتى مىسلىسىز توغرا، مىللىي رايون ئاپتونومىيە تۈزۈمى مىسلىسىز ئەۋزەل، پەقەت بىز قىلچە تەۋرەنمەي جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي باش شۇجى شى جىنپىڭ كۆرسىتىپ بەرگەن يۆنىلىش بويىچە غەلىبىسېرى ئالغا ئىلگىرىلىسەك، باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان، يىمىرىلمەس قۇدرەتلىك كۈچ شەكىللەندۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش، ۋەتەن ئارزۇسىنى بىرلىكتە ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ يېپيېڭى سەھىپىسىنى پۈتۈپ چىقالايمىز.

بۈگۈننى ۋۇجۇدقا چىقارغىنى تۈنۈگۈن، ئەتىنى يارىتىدىغىنى بۈگۈن. يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يېقىندىلا 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى، باش شۇجى شى جىنپىڭ يىغىنغا قاتنىشىپ ھەم مۇھىم سۆز قىلدى، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇپ چىقىش مۇساپىسىدىكى شىنجاڭ خىزمىتىنى چوڭقۇر پىلانلىدى، بۇ، يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ يېڭى تارىخىي باشلىنىش نۇقتىسىدا تۇرغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تەشۋىق قىلىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىپ، شىنجاڭنى ئىتتىپاقلىشىپ مۇقىم قىلىپ، شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇپ، خەلقنى بېيىتىپ شىنجاڭنى روناق تاپقۇزۇپ، شىنجاڭنى ئۇزاققىچە گۈللەندۈرۈپ، ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشنى كاپالەت قىلىپ، ئۇزاق كەلگۈسى پىلان ئۈستىدە كۆپرەك ئىزدىنىپ، ئاساسنى پۇختىلاش تەدبىرلىرىنى كۆپرەك قوللىنىپ، جاسارەت بىلەن يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭ خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، جاسارەت بىلەن ۋەتىنىمىزنىڭ شىنجاڭنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقىشىمىز كېرەك.

كۈچلۈك شامالدا يەلكەنلىك كېمە كەڭ سۇ يولىدا يۈرمەكتە، دولقۇن يېرىپ ئىلگىرىلەشنىڭ دەل پەيتى يېتىپ كەلدى. يېڭى تارىخىي باشلىنىش نۇقتىسىدا تۇرغان شىنجاڭ مىسلىسىز مۇھىم، زور پۇرسەتكە دۇچ كەلمەكتە. بىز ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش سەلتەنەتلىك مۇساپىسىدە قالتىس شىنجاڭ سەھىپىسىنى پۈتۈپ چىقايلى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، بولۇپمۇ 2 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭ خىزمىتىدە مۇھىم، زور نەتىجە ـ ئۇتۇق قولغا كەلتۈرۈلدى، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا مىسلىسىز مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى، جەمئىيەت مۇقىم، خەلق خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەيدىغان ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى. ئاپتونوم رايون قۇرۇلغان 65 يىلدىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، 2 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدىن بۇيان قولغا كەلتۈرۈلگەن بارلىق مۇۋەپپەقىيەتلەر جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىگە مەنسۇپ، پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى، ئىستراتېگىيەلىك پىلانىنى ياخشى تۈزگەنلىكى، كۆڭۈل بۆلگەنلىكى ـ غەمخورلۇق قىلغانلىقىغا مەنسۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلق، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەر، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى، مەركەز كارخانىلىرى ۋە مەركەزنىڭ شىنجاڭدا تۇرۇشلۇق ئورۇنلىرىنىڭ شەخسىيەتسىز ياردەم بەرگەنلىكى، پۈتۈن مۇھەببىتى بىلەن ياردەم بەرگەنلىكىگە مەنسۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ بىر نىيەتتە كۈچ چىقارغانلىقى، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلغانلىقىغا مەنسۇپ. ئەمەلىيەت شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، پارتىيەنىڭ مىللەت سىياسىتى مىسلىسىز توغرا، مىللىي رايون ئاپتونومىيە تۈزۈمى مىسلىسىز ئەۋزەل، پەقەت بىز قىلچە تەۋرەنمەي جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي باش شۇجى شى جىنپىڭ كۆرسىتىپ بەرگەن يۆنىلىش بويىچە غەلىبىسېرى ئالغا ئىلگىرىلىسەك، باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان، يىمىرىلمەس قۇدرەتلىك كۈچ شەكىللەندۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئەبەدىي ئەمىنلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش، ۋەتەن ئارزۇسىنى بىرلىكتە ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ يېپيېڭى سەھىپىسىنى پۈتۈپ چىقالايمىز.

چېن چۈەنگو مۇنداق دېدى: ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى تامامەن توغرا. شىنجاڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە جەزمەن قىلچە تەۋرەنمەي جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، جەزمەن باشتىن ـ ئاخىر شىنجاڭ خىزمىتىگە ئىستراتېگىيە جەھەتتىن قاراش ۋە ئۇنى پىلانلاش، جەزمەن قەتئىي تەۋرەنمەي دىققەتنى شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈش، جەزمەن باشتىن ـ ئاخىر ئېغىشماي كىشىلەر قەلبىنى مۇجەسسەملەشنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، جەزمەن جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى قەتئىي پۇختا تۇرغۇزۇش، جەزمەن دۆلىتىمىزنىڭ دىنىنى جۇڭگوچىلاشتۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش، جەزمەن سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇش ۋە يېتىلدۈرۈش، جەزمەن خەلق تۇرمۇشىغا زىچ يېقىنلىشىپ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش، جەزمەن بىڭتۇەننىڭ مۇقىملىقنى قوغداپ، چېگرانى مۇھاپىزەت قىلىشتىكى ئالاھىدە رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، جەزمەن پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇش كېرەك.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئاچتى، باش شۇجى شى جىنپىڭ يىغىنغا قاتنىشىپ ھەم مۇھىم سۆز قىلدى، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇپ چىقىش مۇساپىسىدىكى شىنجاڭ خىزمىتىنى چوڭقۇر پىلانلىدى، بۇ، يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ يەنە يېڭى تارىخىي باشلىنىش نۇقتىسىدا تۇرغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بىز شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، تەشۋىق قىلىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قەتئىي تەۋرەنمەي يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى كۆرسىتىپ بەرگەن توغرا يۆنىلىشنى بويلاپ جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىپ، شىنجاڭنى ئىتتىپاقلىشىپ مۇقىم قىلىپ، شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇپ، خەلقنى بېيىتىپ شىنجاڭنى روناق تاپقۇزۇپ، شىنجاڭنى ئۇزاققىچە گۈللەندۈرۈپ، ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشنى كاپالەت قىلىپ، ئۇزاق كەلگۈسى پىلان ئۈستىدە كۆپرەك ئىزدىنىپ، ئاساسنى پۇختىلاش تەدبىرلىرىنى كۆپرەك قوللىنىپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىم بولۇشى، ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇشىنى ساقلاپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى پۇختا تۇرغۇزۇپ، شىنجاڭدا ئىسلام دىنىنى جۇڭگوچىلاشتۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى خىزمەتلەرنى چوڭقۇر ياخشى ئىشلەپ، خەلقنى مەركەز قىلىپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، قەتئىي بوشاشماي بىڭتۈەننىڭ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشى ۋە جەنۇبقا تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، تىرىشىپ ئىتتىپاق ـ ئىناق، ئاۋات ـ باي، مەدەنىي بولغان، تەرەققىي قىلغان، خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەيدىغان، ئېكولوگىيەسى ياخشى بولغان يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك.

تەكلىپكە بىنائەن سۆھبەت يىغىنغا قاتناشقانلاردىن يەنە: ئازادلىق ئارمىيەنىڭ پېشقەدەم ھەربىيلەر ۋەكىللىرى، بىڭتۇەندىكى پېشقەدەم جەڭچىلەر ۋەكىللىرى، پېشقەدەم يولداشلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى ۋەكىللىرى، ئاپتونوم رايون، شىنجاڭ ھەربىي رايونى، بىڭتۇەندىكى ئۆلكە، جۈن دەرىجىلىك دەم ئېلىشقا، پېنسىيەگە چىققان پېشقەدەم يولداشلار ۋەكىللىرى بار.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى، ھۆكۈمەت، سىياسىي كېڭەش، شىنجاڭ ھەربىي رايونى، بىڭتۇەن رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئەزالىرى؛ قوراللىق ساقچى قىسىم شىنجاڭ باش ئەترىتى، ھاۋا ئارمىيە ئۈرۈمچى بازىسىدىكى ئالاقىدار مەسئۇل يولداشلار، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار؛ پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ بىر قىسىم ۋەكىللىرى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ بىر قىسىم ۋەكىللىرى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ بىر قىسىم ئەزالىرى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئەزالىرى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش دائىمىي كومىتېتى ئەزالىرى؛ ئاپتونوم رايون(مەركەز)غا بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلار ۋە بىڭتۇەن ئورگىنىدىكى ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلاردىكى پارتىيە، ھۆكۈمەتتىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار؛ دۆلەت شەرىپى نامىغا ئېرىشكۈچىلەر ۋە ئىلغار نەمۇنىچىلار، ئىلغار كوللېكتىپ ۋەكىللىرى، ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق سودا ـ سانائەتچىلەر بىرلەشمىسى، پارتىيە ـ گۇرۇھسىز زاتلار ۋەكىللىرى، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار ۋەكىللىرى، جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىر ـ ساقچىلىرى ۋەكىللىرى، ياش ـ ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرى، ھەر مىللەت، ھەرساھەدىكى كادىرلار، ئامما ۋەكىللىرى قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

ئاپتونوم رايون يېزا كوللېكتىپ مۈلۈك ھوقۇقى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش خىزمىتىنى نەق مەيداندا ئالغا سىلجىتىش يىغىنى ئاچتى

ئىسلاھات ۋەزىپىسىنىڭ ۋاقتىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **ليۇ يى** خەۋەر قىلىدۇ: 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايون يېزا كوللېكتىپ مۈلۈك ھوقۇقى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش خىزمىتىنى نەق مەيداندا ئالغا سىلجىتىش يىغىنى ئاچتى. يىغىندا 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى ۋە باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يېزا كوللېكتىپ مۈلۈك ھوقۇقى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى مۇھىم بايانىنىڭ روھى چوڭقۇر ئۆگىنىلدى، ئىزچىللاشتۇرۇلدى، ئاپتونوم رايوننىڭ كېيىنكى باسقۇچتىكى يېزا كوللېكتىپ مۈلۈك ھوقۇقى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز يىغىنغا قاتنىشىپ ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: يېزا كوللېكتىپ مۈلۈك ھوقۇقى تۈزۈمى ئىسلاھاتى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى چىقارغان مۇھىم، زور ئورۇنلاشتۇرما. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ نۇقتىدا سىناق قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ناھىيە، شەھەرلەر ئىسلاھاتتا بىرقەدەر ياخشى نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈپ، يېزا كوللېكتىپ ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىيات ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇردى.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە بۇرچ تۇيغۇسىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، ئالدىنقى مەزگىللىك تۈرلۈك نۇقتىدا سىناق قىلىش ۋەزىپىلىرىنى تاماملاش ئاساسىدا، ئىسلاھات خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇپ، ئىسلاھات ۋەزىپىسىنىڭ ۋاقتىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: يېزا كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇپ، كوللېكتىپ ئىگىلىك تەشكىلاتىنىڭ رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ئەزالارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى ياخشى قوغداپ، تېخىمۇ كۆپ ئەزالارغا پايدا تەقسىملەپ بېرىشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. تىجارەت خاراكتېرلىك مۈلۈك پاي ھەمكارلىق تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى مۇقىم، تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىپ، مۈلۈكنى ئېنىقلاش ۋە مەبلەغ بېكىتىش «ھەقىقىي بولۇش»، كوللېكتىپ مۈلۈك ھوقۇقى تەۋەلىكى «ئېنىق» بولۇش، كوللېكتىپ مۈلۈكنى باشقۇرۇش بىر تەرەپ قىلىش تۈزۈمى «ئاشكارا بولۇش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. پارتىيەنىڭ ئىسلاھات خىزمىتىگە بولغان ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىسلاھات كاپالىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىسلاھاتنىڭ يېڭى نەتىجە ـ ئۈنۈمى ئارقىلىق يېزا كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇش كېرەك.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرما ـ تەلەپلىرىنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە ئىستىلى ـ پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى سىجىل مۇستەھكەملىدى، باجنى كېمەيتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىش قاتارلىق ئومۇمىي مەنپەئەتدارلىق سىياسىتىنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى، تىجارەت ـ سودا مۇھىتى ئەلالاشتى، بازارنىڭ ھاياتىي كۈچى ئۈنۈملۈك ئۇرغۇتۇلدى. ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ھەم ھۆكۈمەت تارماقلىرى پاكلىق قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، فۇنكسىيەنى ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىپ، تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇپ، تەرەققىياتنىڭ غايەت زور يوشۇرۇن كۈچى ۋە قۇدرەتلىك ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى تولۇق قويۇپ بېرىپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پۈتۈن يىللىق ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى نىشان ـ ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنداشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: گوۋۇيۈەننىڭ 3 ـ قېتىملىق پاكلىق خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، داۋاملىق ئىستىلنى توغرىلاپ، ئىنتىزامنى چىڭىتىپ، يېڭىدىن كۆپەيگەن مالىيە مەبلىغى ئالاھىدە يۆتكىمە چىقىم مېخانىزمىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بىۋاستە يەتكۈزۈلىدىغان مەبلەغنىڭ بىخەتەر، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئىشلىتىلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك؛ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنىڭ ئىشلىتىلىشىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىكىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش كېرەك؛ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇقىملاشتۇرۇشنى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، تەۋەلىك مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي زىممىگە ئېلىپ، تۈرلۈك چارە ـ تاماللار بىلەن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يوللىرىنى كېڭەيتىش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش كېرەك؛ نۇقتىلىق ساھەلەردىكى چىرىكلىشىش ۋە ئاممىنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزۈش مەسىلىلىرىنى قاتتىق جازالاپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ جانجان مەنپەئەتىنى قەتئىي قوغداش كېرەك. مەملىكەتلىك «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇش تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنىنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى تۈرگە ئايرىپ ئالغا سىلجىتىش كېرەك؛ ئادىل، ھەققانىي بولغان نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇشتىكى قانۇن ئىجراسىنىڭ قېلىپلىشىشى ۋە ئاشكارىلىق دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇشنىڭ ھەم «ئىش بولمىسا ئاۋارە قىلماسلىق» ھەم «ھەممە يەردە بار بولۇش»نى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك؛ باجنى كېمەيتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىش قاتارلىق قېيىنچىلىقنى ھەل قىلىپ كارخانىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈش سىياسىتىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بازار سۇبيېكتىنىڭ قېيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىشىغا ياردەم بېرىپ، بازارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى قوزغىتىش كېرەك؛ تور ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمەت سۈپىتىنىڭ رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، «ئۇچراشماي» ئىش بېجىرىش سۈپىتى ۋە مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، كارخانىلارغا تېخىمۇ قولايلىق يارىتىپ، خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: پارتىيەنىڭ سىياسىي قۇرۇلۇشىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىپ، شىنجاڭنى ئىتتىپاقلىشىپ مۇقىم قىلىپ، شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇپ، خەلقنى بېيىتىپ شىنجاڭنى روناق تاپقۇزۇپ، شىنجاڭنى ئۇزاققىچە گۈللەندۈرۈپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇش كېرەك. پارتىيە ئىستىلى ـ پاكلىق قۇرۇلۇشىدىكى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيەتنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھۆكۈمەت خىزمىتىنى قانۇنچىللاشتۇرۇش سەۋىيەسىنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈپ، تىرىشىپ خەلق رازى بولىدىغان مۇلازىمەتچان ھۆكۈمەت بەرپا قىلىش كېرەك.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن پېڭ جياروي، جاڭ چۈنلىن، ۋاڭ مىڭشەن، جاۋ چۈنجيۇ، ليۇ سۇشى، ۋەن خېيچۈەن يىغىنغا قاتناشتى.